

دوكتۇر ئانا سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىلەر
ۋاكاكا بىلەن ئېيتىشىنىڭ ئۇچار بېلىققا ئۆزگىرىشى
تارتىنچاق
سەقەتقۇر
شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

害羞的小海马：维吾尔文 / 黎程程编；阿孜古丽·阿不力米提译. -- 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社, 2011.5

（博士妈妈讲故事）

ISBN 978-7-5469-1357-5

Ⅰ.①害… Ⅱ.①黎… ②阿… Ⅲ.①连环画－作品－中国－现代－维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①J228.4

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2011)第 088969 号

丛 书 名　博士妈妈讲故事<br>
书　　名　害羞的小海马<br>
主　　编　黎程程<br>
译　　者　阿孜古丽·阿不力米提<br>
责任编辑　努尔阿利亚·阿布都克里木<br>
责任校对　买哈巴·铁外库<br>
制　　版　乌鲁木齐标杆集书刊设计有限公司<br>
出　　版　新疆美术摄影出版社<br>
　　　　　新疆电子音像出版社<br>
发　　行　新疆新华书店<br>
印　　刷　新疆新华印刷厂<br>
开　　本　880 mm × 1230 mm　1/24<br>
印　　张　2<br>
版　　次　2011 年 5 月 第 1 版<br>
印　　次　2011 年 6 月 第 1 次印刷<br>
书　　号　ISBN 978-7-5469-1357-5<br>
总 定 价　58.00 元（全十册）



ۋاكاكا ئەيشىشگە ئەگىشىپ چوڭ قۇشنىڭ ھۇجۇمىدىن قۇتۇلـ
غاندىن كېيىن، داۋاملىق تۇردە ئۇچار بېلىق توپىنى ئىزدەپتۇ. ئۇ قو-
لىنى سايىۋەن قىلىپ دېڭىزدا ئۇياق بۇياققا قارىغاچ ئۈزۈپتۇ، بىراق
ئۇلارنى تاپالماپتۇ، ئۇ ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا:

ــ يېرىم كۈن بولاي دېدى، ئۇچار بېلىقلارنىڭ سايىسىمۇ كۆ-
رۈنمەيدىغۇ؟ ــ دەپتۇ. بۇنىڭدىن ئەيشىشىمۇ ئىنتايىن ئۈمىدسىزلە-
نىپتۇ، بېلىق ۋە راكلار بىر يەرگە يىغىلىپ، تەرەپ - تەرەپتىن
ئۇلارغا تەسەللى بېرىپ:

ــ بىز ئەزەلدىن ئۇچار بېلىق توپىنى كۆرۈپ باقمىغان، بولمى-
سا بىز بىللە ئوينايلى، ــ دەپتۇ.



بۇ چاغدا، بىر ماتورلۇق قېيىق «دۇت، دۇت» قىلىغىنىچە غايەت زوردولقۇن پەيدا قىلىپ يېتىپ كەپتۇ، بۇنى كۆرگەن سۇ ئاستىدىكى بېلىق، راكلار ھەش-پەش دېگۈچە تارىلىپتۇ، ئۇلار بىر تەرەپتىن قاچقاچ، بىر تەرەپتىن:

— ۋايىيەي چاتاق بولدى، تېز قېچىڭلار، چوڭ مەخلۇق يەنە كەلدى، — دەپ توۋلىشىپتۇ.



ماتورلۇق قېيىق ئۇلارغا يېقىنلاپ قاپتۇ، ۋاكاكا ئاكا-سىڭىل ئۈزۈشكە ئۈلگۈرەلمەي، تېزلىكتە ئۇچۇپتۇ، ئۇلار بوشلۇقتا كۆتۈرۈلگەندە بىر-بىرى بىلەن ئايرىلىپ كېتىشكە مەجبۇر بوپتۇ. ئەيشىشى ئاكىسىنىڭ يىراقتا ئۇچۇپ كۆرۈپ قورققىنىدىن يىغلاپ:

— ئاكا، مەن بەك قورقۇپ كېتىۋاتىمەن، — دەپ ۋارقىراپتۇ.



ئەيشىشى سۇ ئىچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يىغلاپ تۇرۇپ: «ئاكا، ئاكا» دەپ ۋاكاكانى ئىز- دەپتۇ. ئۇنىڭ بېلىق، راك دوستلىرى ئەيشىشىنىڭ يىغلىغىنىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ:

— ئۇچار بېلىق ھەدە، سىزگە نېمە بولدى؟ كىم سىزنى بوزەك قىلدى؟ — دەپتۇ.



ئەيشىشى تېخىمۇ قاتتىق يىغلاپ كېتىپتۇ، ئۇ:
— ئاكام يوقاپ كەتتى، مەن بەك قورقۇپ كېتىۋاتىمەن، ھۇ، ھۇ، —
دەپ يىغلاپتۇ، بېلىقلار بۇ مەسىلىنى بەس - بەستە مۇلاھىزە قىلىشىپ:
— كىم ئۇچار بېلىقنىڭ ئاكىسىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلىدۇ؟
بىز ھەدىمىزگە ياردەملىشىپ تېپىپ بېرەيلى! — دېيىشىپتۇ.



راك بوش ئاۋازدا كۇسۇرلاپ:

ــ ئاڭلىشىمچە، يېقىندىن بۇيان بىزنىڭ

بۇ يەرگە بىر چوڭ لەھەڭ كەپتۇ، ھەممىمىز ئېھتىيات قىلايلى، ــ دەپتۇ، بۇ گەپنى ئاڭلىغان كىچىك بېلىق قورققىنىدىن تىترەپ تۇرۇپ، كېكەچلىگەن ھالدا:

ــ ھە، ۋايىيەي نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ـ ھە، ــ دەپتۇ، ئەيشىشى بۇنى ئاڭلاپ تېخىمۇ قورقۇپ كېتىپتۇ.

ئەيشىشى يىغلاپ تۇرۇپ:

ــ ئاكامغا بىرەر خەتەر بولۇپ قالماس ـ ھە؟ ــ دەپتۇ. بېلىق، راك-لارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا يەنە تەسەللى بېرىپ:

ــ ئۇنداق بولمايدۇ، ئۇچار بېلىق ئاكىمىز ھەم تېز، ھەم يىراققا ئۇ-چالايدىغان تۇرسا، بىز ساڭا ياردەملىشىپ توۋلايلى، بىز كۆپ بولغاندىن كېيىن ئاۋازىمىزمۇ يۇقىرى بولىدۇ، ــ دەپتۇ.





بېلىق راكلار تۆت ئەتراپقا قاراپ:
— ئۇچار بېلىق ئاكا، سىز قەيەردە؟ تېز
چىقىڭ، — دەپ كۇچەپ توۋلاپتۇ. ئەيشىشى ئاكىسى-
نى ئېسىگە ئالسىلا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ياش تۆكىد-
غان بولۇپ قاپتۇ.



يوقاپ كەتكەن ۋاكاكا ئاخىرى ئەيشىشى بىلەن بېلىق، راكلارنىڭ:

— ئاكا... — ئۇچار بېلىق ئاكا، بولدى موكوۋالماڭ، تېز چىقىڭ، بىز سىزنى كۆردۇق، — دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپتۇ.



ۋاكاكا توۋلىغان ئاۋازنى بويلاپ تېزلىكتە ئەيشىشنىڭ يېنىغا ئۈزۈپ بېرىپتۇ، ئەيشىشى ئاغرىنغان هالدا:

— ئاكا، نېمىشقا ئەمدى كەلدىڭىز، — دەپتۇ. بېلىق، راكلارمۇ باشلىرىنى تىقىشىپ پىچىرلىشىپ:

— هەدىمىز قورققىنىدىن يىغلاپ كەتتى، ئەجەبمۇ يۈزى يوقكەن، ۋاكاكانىڭ، هەدىمىزنى تاشلاپ قويۇپ كارى بولماي، ئۆزى-نىڭ جېنىنى ئېلىپ قاچقىنىنى قارىمامدىغان، — دېيىشىپتۇ.



ۋاكاكا بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاچچىقىدىن مۇشتلىرىنى تۈگۈپ، بىلىجان ۋە راكلارغا:

— سىلەر ئەھۋالنى چۈشەنمەي تۇرۇپ تولا قالايمىقان گەپ قىلماڭلار! — دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ. ئەيشىشى دوستلىرىنىڭ خاتا چۈشىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، شۇ ھامان:

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، مەن ئاكام بىلەن ئېھتىياتسىزلىقتىن ئايرىلىپ كەتكەن، — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ.



— ئۇلار سېنى بوزەك قىلدىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ۋاكا-
كا ئەيشىشىدىن. ئەيشىشى بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ:
— ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا تەسەللى بەردى، تېخى
ماڭا ياردەملىشىپ سېنى ئىزدىشىپ بەردى، — دەپتۇ.



ۋاكاكا بىلىق ۋە راكلاردىن كەچۉرۉم سوراپ:
ــ كەچۉرۉڭلار، مەن كۅپچىلىكنى خاتا چۉشىـ
نىپ قاپتىمەن، رەھمەت سىلەرگە، ــ دەپتۉ. بىلىق،
راكلار كەينى ـ كەينىدىن:
ــ ئەرزىمەيدۉ، ھەممىمىز دوست ئەمەسمۉ،
بىز بىللە ماڭايلى، ــ دەپتۉ.

كۆپچىلىك ئۇزۇپ بىر يەرگە كەلگەندە، كۆز ئالدىدا بىر بۇك ـ باراقسان دېڭىز ئاستى ئورمانلىقى كۆرۈنۈپتۇ، ۋاكاكا توساتتىن قۇيرۇقلىرى يۆگىمەچ كەلگەن بىر جانىۋارنى بايقاپ:

ــ ھوي، ئۇ نېمە؟ تۇرقى بەكمۇ غەلىتە ئىكەنغۇ، ــ دەپتۇ. ئەيشىشى ئېنىق كۆرگەندىن كېيىن:

ــ ھە، ئۇ دېگەن سەقەنقۇر بولىدۇ، ــ دەپتۇ. بېلىق، راكلار ئۇنىڭ تۇرقىنىڭ ئىنتايىن غەلىتە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، بەس مۇنازىرە قىلىشىپ:

ــ سەقەنقۇر؟ ئۇ نېمىدېگەن كۆرۈمسىز ـ ھە، بۇرنى شۇنچە يوغان، كۆزى پولتىيىپ چىققان، قۇيرۇقىمۇ شۇنداق ئۇزۇن ئىكەن، ــ دېيىشىپتۇ.





ــ شۇنداق، ئۇلارنىڭ تۇرقى سەل غەلىتە، لېكىن ئۇلار
بېلىق تۇرىگە تەۋە، ــ دەپتۇ ئەيشىشى. بېلىقلار بۇ قاراشقا قوشۇلـ
ماي، باشلىرىنى چايقاپ ئىنكار قىپتۇ ۋە:
ــ مۇمكىن ئەمەس! بېلىق دېگەن بىز تۇرساق، قايسى جايدىـ
كى بېلىقلار مۇشۇنداق بولىدۇ؟ ــ دەپتۇ.



ئەيشىشى سۆزىدە چىڭ تۇرۇپ:

— سەقەنقۇر دېگەن راستىنلا بېلىق، — دەپتىكەن، ۋاكاكا بۇنى توغرا كۆرمەي:

— بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟! ئۇنىڭ نەرى بېلىققا ئوخشىسۇن؟ — دەپتۇ. بېلىق، راكلارمۇ مۇنازىرىلىشىپ قۇسۇر تېپىپ:

— ئۇلارنىڭ تۇرقى نېمىدېگەن قىزىقارلىق! بىزنىڭ بېشىمىز بىلەن تېنىمىزنىڭ باش ئاخىرى ماسلاشقان، بىراق ئۇلارنىڭ بېشى پەقەتلا قاملاشمىغان ئىكەن، بىز سۇ ئىچىدە، ئۇلار چۆپلۈكتە ياشايدىكەن، يەنە تېخى ئۇلارنىڭ تېنىدە نۇرغۇنلىغان قىرلار بار ئىكەن، بېلىق بولۇشى قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ — دەپتۇ.



— مەن ئەزەلدىن بۇنداق غەلىتە بېلىقنى كۆرۈپ باقمىغان، ئات باشلىق، يىڭناغۇچ كۆزلۈك، قۇيرۇقى پىلىنىڭ بۇرنىدەك، ئۇستىخىنىمۇ تېرە سىرتىغا ئۆسكەن ئىكەن، — دەپتۇ ۋاكاكا. بېلىق، راكلارمۇ تەڭلا:

— ھى... ھى، شۇ ئەمەسمۇ، ئۇ بەكلا غەلىتە ئىكەن، — دەپتۇ. كىچىك سەقەنقۇر كۆپچىلىكنىڭ گېپىدىن بىرئاز خىجىل بولۇپ، يۈزى قىزىرىپلا كېتىپتۇ. ئۇ:

— مېنىڭ ئاتا - ئانام، يەنە ئاكا - سىڭىللىرىممۇ ھەممىسى مۇشۇن-داق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ــ ئۇنداقتا مەن سەندىن سوراي، ئەگەر سەن بېلىق بولساڭ، نېمىشقا قۇيرۇق پالاقچاڭ يوق؟ ــ دەپ سوراپتۇ ۋاكاكا سەقەنقۇردىن. كىچىك سەقەنقۇر خىجىل بولۇپ بېشىنى تۆۋەن سىلىپ:

ــ ئۆزۈممۇ نېمە ئۈچۈنلىكىنى بىلمەيمەن، ــ دەپتۇ. بېلىق، راكلارمۇ سەقەنقۇرنىڭ قۇيرۇق پالاقچىسىنىڭ يوقلىقىنى بايقاپ، تەرەپ ـ تەرەپتىن مۇلاھىزە قىلىشىپ:

ــ ئۇنىڭ راستىنلا قۇيرۇق پالاقچىسى يوق ئىكەنغۇ، قۇيرۇق پالاقچىسى بولمىسا قانداقمۇ ئۇزەلىسۇن؟ ئۇنىڭ دېڭىز ئۈتى بار يەردە ياشىشى بىكار ئەمەسكەندە، ئۇنىڭ ئۈزۈن قۇيرىقى نېمىدىگەن سەت ـ ھە، ــ دېيىشىپتۇ.





ۋاكاكا كىچىك سەقەنقۇرنىڭ جاۋاب بېرەل-
مىگىنىنى كۆرۈپ كۆرەڭلىگەن هالدا:
— يەنە، سېنىڭ قۇيرۇق پالاقچاڭ نېمىشقا
قۇلاق ئۆسكەن جايدا بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. كىچىك
سەقەنقۇر چۈشىنەلمەستىن:
— قۇلاق دېگەن نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ، ئەيشىشى ئاكىسىنىڭ
هازىر ئۆزىنىڭ بىر بېلىق ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ،
ئېغىزىنى ئېتىۋېلىپ مازاق قىلىپ:
— هى هى، ئاكا سېنىڭ قۇلىقىڭ نەگە كەتتى؟ — دەپتۇ.

ۋاكاكا سەقەنقۇرغا سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن:

— سېنىڭ بەدىنىڭ بىلەن قۇيرۇقۇڭ نېمىشقا بوغۇم - بوغۇم قىردەك ئۆسىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. كىچىك سەقەنقۇر خىجىل بولغان هالدا، ئېغىزلىرىنى ئۇمچەيتىپ:

— مەن تۇغۇلىشىمدىنلا مۇشۇنداق تۇرسام، بۇنىڭغا مەندە نېمە ئامال؟ — دەپتۇ.



ۋاكاكا ئارقىدىنلا يەنە كىچىك سەقەنقۇردىن:

— سىنىڭ قورسىقىڭ نېمىشقا بۇنداق تومپىيىپ چىقىپ تۇرىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. بۇ ۋاقىتتا بېلىق، راكلارمۇ ئۇنىڭ بۇ تۇرقىنى بايقاپ، قىزىققان هالدا، ئوغرىلىقچە پىچىرلىشىپ:

— شۇ ئەمەسمۇ بۇ بەك غەلىتىلىكقۇ، نېمىدېگەن سەت - هە! — دېيىشىپ كېتىپتۇ. كىچىك سەقەنقۇر ئۇيالغىنىدىن بېشىنى تۆۋەن ساڭگىلىتىپ پەس ئاۋازدا:

— مەن، مەن راستىنلا نېمە ئۈچۈنلىكىنى بىلمەيمەن، — دەپتۇ.





ئەيشىشى كۆپچىلىكنىڭ كىچىك سەقەنقۇرنى ناھا-
يىتى تەڭقىسچىلىقتا قويغىنىنى كۆرۈپ:

— مەن نېمە ئۈچۈنلىكىنى بىلىمەن، سەقەنقۇر ئا-
دەتتىكى بېلىقلارغا ئوخشىمايدۇ، ئۇلارنىڭ قۇيرۇق پالاق-
چىسى ئۇمۇرتقىلىق ھايۋانلارنىڭ تەدرىجىي چېكى-
نىشىگە ئەگىشىپ ئاستا ـ ئاستا ئۆزگىرىپ مۇشۇ
ھالەتكە كەلگەن، — دەپتۇ.



— سەقەنقۇر ئۇكام، سېنىڭ كۆزۈڭ نېمىدېگەن يوغان، نىمانداق پولتىيىپ چىققان؟ — دەپ سوراپتۇ، ۋاكاكا يەنە قىزىقىپ:

— توغرا، بىر كۆزۈڭ ئالدىغا قارىسا، يەنە بىر كۆزۈڭ ئارقىغا قارايدىكەنغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. بېلىق، راكلارمۇ تەڭلا چۇرقىرىشىپ:

— قاراڭلار، ئۇنىڭ بىر كۆزى ئۈستىگە قارىسا، يەنە بىر كۆزى پەسكە قارايدىكەنغۇ؟

— ھە؟ راست ئىكەن، توۋا! نېمىدېگەن غەلىتە، — دەپتۇ.



سەقەنقۇر بىر تەرەپتىن كۆز قارىچۇقىنى ئايلاندۇرۇپ، بىر تەرەپتىن چۈشەندۈرۈپ:

— مېنىڭ كۆزۈم ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئەركىن ئايلىنالايدۇ، مەن بېشىمنى ۋە بەدىنىمنى كەينىمگە ئايلاندۇرماي تۇرۇپمۇ ئارقامدىكى نەرسىلەرنى كۆرەلەيمەن، — دەپتۇ.

ئەيشىشى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي چاۋاك چېلىپ:

— ياھ، راستىنلا ئاجايىپ ئىكەن! ئاڭلىشىمچە، قۇرۇقلۇقتا پەقەت ياقا بىلەن خامېلېئونلا مۇشۇنداق قىلالايدىكەن، — دەپتۇ.



ۋاكاكامۇ ناھايىتى غەلىتىلىك ھېس قىلىپ ئۆز - ئۆزىگە: «كۆزىنى ھەرياققا ئايلاندۇرالايدىكەن، نېمىدېگەن قىزىقارلىق» دەپ پىچىرلاپتۇ، ئەيشىمشى ئويلىنىپ باققاندىن كېيىن:

— بۇنىڭ چوقۇم بىر ئاساسى بار! سەقەنقۇر ئۇكام، سېنىڭ كۆزۈڭنىڭ ئالاھىدە بىر ئىشلىتىلىش ئورنى بارمۇ قانداق؟» دەپ سوراپتۇ. سەقەنقۇر كۆرەڭلىگەن ھالدا:

— بىر قېتىم، چوڭ بىر بېلىق كەينىمدىن ئاستا - ئاستا يېقىنلاشتى، مەن كەينىمگە قارىماي تۇرۇپمۇ ئۇنى كۆرۈپ، دەرھال مۆكۈۋالدىم. مەن يەنە نەچچە قېتىم شۇنداق مۆكۈنۈۋالغان، — دەپتۇ. بېلىق، راكلار سەقەنقۇرغا ناھايىتى زوقلانغان ھالدا:

— پاھ، نېمىدېگەن قالتىس - ھە! — دەپ توۋلىشىپ كېتىپتۇ.



ۋاكاكا يەنىلا كىچىك سەقەنقۇرنىڭ بىلىقلار بىلەن ئوخشىمايدىغانـ
لىقىنى ھېس قىلىپ:

ــ سەقەنقۇر ئۇكام، سەن گەپ قىلغاندا نېمىشقا زۇكام بولۇپ قالـ
غاندەك غۇژ ـ غۇژ ئاۋاز چىقىرىسەن؟ ــ دەپ سوراپتۇ. كىچىك سەقەنـ
قۇر بۇ گەپنى چۈشىنەلمەي:

ــ زۇكام دېگەن نېمە؟ ــ دەپ سوراپتۇ. بىر كىچىك بېلىقـ
مۇ سەقەنقۇرنىڭ ئاۋازىنىڭ بىنورماللىقىنى ھېس قىلىپ:

ــ ئاۋازىڭ ھەقىقەتەن غەلىتە ئىكەن، ــ دەپتۇ.

سەقەنقۇرنىڭ يۈزى يەنە قىزىرىپتۇ، ئۇ بېشىنى تۆۋەن قىلغان هالدا:

-- مەن گەپ قىلغان ۋاقىتتا، ئاۋازىم دائىم ئىچىمدە تۇرۇپ قېلىپ چىقمايدۇ، بۇنىڭدىن ئۆزۈمنى قاملاشمىغاندەك هېس قىلىمەن، -- دەپتۇ، بېلىق، راكلار ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن، ئېغىزلىرىنى ئۇمچەيتىپ:

-- بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، ئۇنىڭ ئاغزى ئېچىلمايدىغان تۇرسا، -- دەپتۇ.

ۋاكاكا يەنە:

-- سەقەنقۇر ئۇكام، ئېغىزىڭنى ئاچالمىساڭ يېمەكلىكنى قانداق يەيسەن؟ -- دەپ سوراپتۇ.





سەقەنقۇر بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— سىلەر كېلىپ ئېغىزىمنى كۆرۈپ بېقىڭلار، — دەپتۇ. بېلىق، راكلار بېرىپ قاراپ ھېچقانداق غەلىتىلىك ھېس قىلماپتۇ ۋە تەرەپ-تەرەپتىن بەس مۇنازىرە قىلىشىپ:

— ھېچقانداق غەلىتە يېرى يوققۇ؟

— قارىماققا بىر كالتەككىلا ئوخشايدىكەن، — دەپتۇ.



— مېنىڭ ئاغزىم نەيچىگە ئوخشاش، مەن بوشقىنە سۈمۈرۈپ قويسام، دېڭىزدىكى كىچىك-كىچىك ئوزۇقلۇقلار ھەممىسى قورسىقىمغا كىرىدۇ، — دەپتۇ سەقەنقۇر چۈشەندۈرۈپ. بېلىق، راكلار ھەيرانلىق بىلەن:

— پاھ، نېمىدېگەن قالتىس-ھە!

— يېمەكلىك تېپىش شۇنداق ئاسانمۇ، ئۇنىڭ قورسىقىنىڭ يوغان بولۇشى بىكار ئەمەس ئىكەن-دە، — دەپ توۋلىشىپ كېتىپتۇ.



ۋاكاكا تۇيۇقسىز بىر نەرسىنى بايقاپ،
سەقەنقۇردىن:

ــ هوي، سىنىڭ قورسىقىڭدا نىمە بار؟ ــ دەپ سو-
راپتۇ. بىلىق، راكلارمۇ هەيرانلىق بىلەن:

ــ ئۇ سىنىڭ ئاشلىق ئامبىرىڭمۇ؟ ــ دەپ سوراپ-
تۇ. توساتتىن ئەيشىشى گەپ قىستۇرۇپ:

ــ ئۇ دىگەن بالا ئاسراش خالتىسى، سەقەنقۇر ئۇنىڭ-
دا بالىسىنى ساقلايدۇ، ــ دەپتۇ. سەقەنقۇر بىشىنى لىڭ-
شىتىپ:

ــ بىز سەقەنقۇرلار مۇشۇ بالا ئاسراش خالتىمىز ئار-
قىلىق بالىمىزنى چوڭ قىلىمىز، ــ دەپتۇ.

بېلىق، راكلار تېخىمۇ قايمۇقۇپ قېلىپ، بەس ـ مۇنازىرە قىلىشىپتۇ، ئۇلار:

— بالا ئاسراش خالتىسى دېگەن نېمە؟

— بۇنداق سۆزنى بىز بىرىنچى قېتىم ئاڭلىشىمىز، — دەپتۇ. ۋاكاكا بالا ئاسراش خالتىسىنىڭ ئىشلىتىلىشىنى بىلمىدىكەن. ئۇ كىچىك سەقەنقۇردىن:

— مەن كۆرۈپ باقاي، بالاڭ نەدىكى؟ — دەپ سوراپتۇ. سەقەنقۇرنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ، قورسىقىنى مەھكەم توسۇۋېلىپ:

— ھازىرچە يوق، — دەپتۇ.





ۋاكاكا يەنىلا قىزىقىپ:

— سېنىڭ قورساق خالتاڭنىڭ ئىچىدىن قانداقسىگە كىچىك سەقەنقۇر چىقىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئەيشىشى چۈشەندۈرۈپ:

— چىشى سەقەنقۇر تۇخۇمنى ئەركەك سەقەنقۇرنىڭ قورساق خالتىسىغا سېلىپ قويىدۇ، تۇخۇم ئەركەك سەقەنقۇرنىڭ قورساق خالتىسىدا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، كىچىك سەقەنقۇرغا ئايلىنىدۇ، — دەپتۇ.



ۋاكاكا كىچىك سەقەنقۇردىن:

ــ ئۇنداقتا، سېنىڭ قورسىقىڭدا تۇخۇم بارمۇ؟ سېنىڭ كىچىك سەـ قەنقۇرۇڭ قاچان چىقىدۇ، مېنىڭ كۆرگۈم بار ئىدى، ــ دەپ سوراپتۇ.

بېلىق، راكلار بىرلىكتە چاۋاك چېلىشىپ:

ــ مېنىڭمۇ كۆرگۈم بار!

ــ يەنە مەنمۇ بار، مېنىڭ تاقىتىم قالمىدى، ــ دەپتۇ، كىچىك سەقەنـ قۇرنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ، خىجىل بولغان هالدا:

ــ بىراق مەن تېخى ياخشى كۆرىدىغان قىزنى ئۇچراتمىدىم، ــ دەپتۇ.

بىلىق، راكلارمۇ «ھى، ھى، ھى، ھا، ھا، ھا» قىلىپ كىچىك سەـ
قەنقۇرغا چاقچاق قىلىشقا باشلاپتۇ، ئۇلار:

ــ قاراڭلار ئۇنىڭ يۈزى قىزىرىپ كەتتىغۇ، يەنە ئۇيالدى، ــ دەپتۇ.
ۋاكاكا قاقاقلاپ كۈلۈپتۇ، ئەيشىشمۇ ئاغزىنى ئېتىپ پىخىلداپ كۈلۈپ
كېتىپتۇ.





ۋاكاكا كىچىك سەقەنقۇردىن:

—— ئەمىسە سىنىڭ قورساق خالتاڭغا قانچىلىك كىچىك سەقەن-قۇر پاتىدۇ؟ —— دەپ سوراپتۇ. كىچىك سەقەنقۇر بۇ سوئالغا جاۋاب بەرمەكنىڭ بەك تەسلىكىنى ھېس قىلىپ، تىلىنى چايناپ:

—— مەن، مەنمۇ ساناپ بولالمايمەن، ئىشقىلىپ بەك كۆپ، —— دەپتۇ. ئەيشىشى گەپكە قوشۇق سېلىپ:

—— ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئىككى مىڭدىن ئارتۇق سەقەنقۇر پاتى-دۇ، —— دەپتىكەن. بېلىق، راكلار ساناقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەل-مەي، بەس مۇنازىرە قىلىشىپ:

—— ئىككى مىڭ دېگەن قانچىلىك؟ —— دەپتۇ.

ۋاكاكا كىچىك سەقەنقۇرغا:

— سىلەرنىڭ قورسىقىڭلارغا شۇنچىلىك كۆپ كىچىك سەقەنقۇر پاتامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

كىچىك سەقەنقۇر:

— بىز ئىنتايىن كىچىك ۋاقتىمىزدا، دادام بىزنى بىردىن، بىردىن خالتىسىدىن سىقىپ چىقى-رىۋېتىدۇ، — دەپتۇ. بېلىق، راكلار ئەقلىگە سىغدۇ-رالماي كۇسۇلدىشىپ:

— ھە؟ نېمىدېگەن رەھىمسىزلىك! ئەگەر با-لاڭلارنى باشقا بېلىقلار يەپ كەتسە قانداق قىلىسى-لەر؟ — دەپ كېتىپتۇ.



— شۇنچىۋالا كىچىك سەقەنقۇر قانداق ھايات قالىدۇ؟ — دەپتۇ ۋاكاكا ئارقىدىنلا. بېلىق، راكلارمۇ ئىنتايىن ئەنسىرەپ:

— شۇ ئەمەسمۇ، بىزنى ئەجەبمۇ بىئارام قىلدى، ئۇلار يىمەكلىكلەرنى قانداق تېپىپ يەيدۇ؟ — دەپ سوراپتىكەن، كىچىك سەقەنقۇر بېشىنى لىڭشىتىپ:

— كىچىك ۋاقتىمدىكى ئىشلار ئېسىمدە قالماپتۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.



— كۆپچىلىك ئەندىشە قىلماڭلار، كىچىك سەقەنقۇر تۇغۇلغاندىن كېيىن، تېزلىكتە سۇ يۈزىگە چىقىپ ھاۋانى سۈمۈرۈپ، تېنىدىكى پۈ-ۋەكچىلەرنى ھاۋاغا تولدۇرىدۇ، مۇشۇنداق قىلىپ، ئۇلار سۇدا ئاسانلا لەيلەپ چىقالايدۇ ھەم چۆكەلەيدۇ، — دەپتۇ ئەيشىشى. بېلىق، راكلار بې-شىنى لىڭشىتىپ:

— شۇنداق، شۇنداق، پۈۋەكچىنىڭ رولى بەك چوڭ، — دەپتۇ.



ـــ سەقەنقۇرلارنىڭ دادىسى ئىنتايىن جاپاكەش، كىچىك سەقەنقۇرنى تۇغۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار ھېرىپ ھالىدىن كېتىدۇ، ـــ دەپتۇ ئەيشىشى چۈشەندۈرۈپ. بېلىق، راكلار يەنىلا چۈشىنەلمەي:

ـــ ئەجەبا سەقەنقۇر ئانا كېلىپ ياردەملەشمەمدۇ؟ بۇ تازا قاملاشمىغان ئىش بوپتىغۇ؟ ـــ دەپتۇ.

كىچىك سەقەنقۇرنىڭ يۈزى قىزىرىپ، دەرھال بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ:

ـــ ئۇنداق ئەمەس، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئوخشىمايدۇ، ـــ دەپتۇ.



— بىز سەقەنقۇرلار ناھايىتى ۋاپادار بولۇپ، پەقەت ياخشى كۆرگەن قىز بىلەنلا بىللە بولىمىز، ئۇنىڭدىن بىر ئۆمۈر ئايرىلمايمىز، ئەگەر بىر تەرەپ ئۆلۈپ كەتسە، قېلىپ قالغان يەنە بىر تەرەپ مەڭگۈ باشقا سەقەنقۇر بىلەن توي قىلىپ باللىق بولمايدۇ، — دەپتۇ كىچىك سەقەنقۇر چۈشەندۈرۈپ. بېلىق، راكلار بۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلىنىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان بىر كىچىك راك يىغلاپ تۇرۇپ:

— ھۇ ھۇ، نېمىدېگەن تەسىرلىك - ھە، مەن بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىزمۇ سەقەنقۇر ئانىنىڭ يامان گېپىنى قىلمايمەن، — دەپتۇ.



ئەيشىشى بىلەن ۋاكاكا سەقەنقۇردىن:

-- بىز ھازىر ئۇچار بېلىق توپىنى ئىزدىگىلى بارىمىز، سەن ئۇلارنى كۆردۇڭمۇ؟ -- دەپ سو-راپتىكەن، سەقەنقۇر بېشىنى لىڭشىتىپ:

-- تۈنۈگۈن، ھە، ئالدىنقى كۈنى، توغرا ئەمەس، بەلكىم ئۈچ كۈن بۇرۇن بولسا كېرەك، ئۇچار بېلىق توپى مۇشۇ يەردىن ئۆتكەن، -- دەپتۇ، ۋاكاكا تاقەتسىزلىنىپ:

-- زادى قايسى كۈنى؟ -- دەپ غۇدۇڭشۇپتۇ.



ئەيشىشى سەۋىرچانلىق بىلەن كىچىك سەقەنقۇردىن:
— ئەمىسە ئۇلار قايسى يۆنىلىشكە قاراپ ماڭدى، بۇنىغۇ بىلى-
دىغانسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. كىچىك سەقەنقۇر ئاغزىنى ئۇمچەيتىپ:
— ھە، ئۇلار ئاۋۇ ياققا قاراپ ماڭدى، ئۇلار بەك كۆپكەن، —
دەپتۇ.



ئەيشىشى خۇشاللىقىدىن كىچىك سەقەنقۇرنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ قويۇپ:
— رەھمەت ساڭا، — دەپتۇ. بېلىق، راكلار يەنە چۇقان كۆتۈرۈپ:
— ۋاييەي، كىچىك سەقەنقۇرنىڭ يۈزى قىزىرىپ كەتتىغۇ، ئۇ نېمىشقا
دائىم ئىزا تارتىپ تۇرىدىغاندۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.



— ئاپام دائىم مېنى شۇنداق سۆيۈپ قوياتتى، — دەپتۇ ئەيشىشى ئوڭايسىزلىنىپ. بۇ چاغدا كىچىك سەقەنقۇرنىڭ يۈزى تېخىمۇ قىزىرىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۇيالغان ھالدا:

— لېكىن، مەن دادامنىڭ قورساق خالتىسىدىن تۇغۇلغان تۇرسام، — دەپتۇ.



— مېنىڭ دادامۇ مېنى شۇنداق سۆيۈپ قوياتتى، يەنە تېخى مېنى ئېلىپ بېلىق تۇتقىلى ئېلىپ چىقاتتى، — دەپتۇ ئەيشىشى. بېلىق، راكلار ئەيشىشىگە ھەۋەس قىلىپ ئۇنىڭدىن:

— بېلىق تۇتۇش دېگەن نېمە؟ ئۇ بىر خىل ئويۇنمۇ؟

— مەنمۇ بېلىق تۇتىمەن، ئۇچار بېلىق ھەدە، بىزگە بېلىق تۇتۇشنى ئۆگىتىپ قويىڭە، — دەپتۇ. ۋاكاكا پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپ، كۆڭلىدە: «چاتاق بولدى، سىڭلىم چاندۇرۇپ قويغىلى تاسلا قالدى» دەپ ئويلاپتۇ.





ۋاكاكا كىچىك سەقەنقۇرنىڭ يۈزىنىڭ قىزىرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ناھايىتى غەلىتىلىك ھېس قىلىپ:

— سەقەنقۇر ئۇكام، سېنىڭ بەدىنىڭ نېمىشقا رەڭ ئۆزگەرتەلەيدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. كىچىك سەقەنقۇر:

— مەنمۇ سەۋەبىنى بىلمەيمەن. بىز بەك ئاستا ئۈزىمىز، شۇڭا بەدىنىمىزنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتىپ يوشۇرۇنۇۋالىمىز، — دەپتۇ. بۇ چاغدا بېلىق، راكلار كىچىك سەقەنقۇرغا تېخىمۇ قايىل بوپتۇ، ھەممەيلەن ئۇنى بىردەك ماختىشىپ:

— سەن نېمىدېگەن يامان - ھە، شۇنداق كۆپ ئىقتىدارىڭ بار ئىكەن، — دەپتۇ.



— سەن بىلىق تۇرۇپ، نېمىشقا دائىم دېڭىز ئوتلىرىنىڭ ئەتراپى-
دىلا يۈرىسەن؟ سەن زادى سۇ ئۈزەلمەسەن-يوق؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇلار
يەنە. كىچىك سەقەنقۇر:
— بىز سۇدا تىك تۇرۇپ ئاستى ئۈستى بولۇپ ئۈزەلەيمىز، تېز
سۈرئەتتە ئۈزەلمەيمىز. سۇ ئۈزمىگەن ۋاقىتتا سۇ ئوتىغا يېپىشىۋال-
مىز، بولمىسا دېڭىز ئاستىغا چۆكۈپ كېتىمىز ياكى دېڭىز ئېقىمىدا
غەرق بولىمىز، — دەپتۇ. بېلىق راكلار ئۇنىڭغا يەنە
چاقچاق قىلىپ، كۈلۈپ تۇرۇپ:
— ھى، ھى، تۇنجى قېتىم بەدەننى تىك قىلىپ
سۇ ئۈزۈشنى ئاڭلىشىم، بىر ئۈزۈپ بىزگە كۆرسى-
تىپ قويامسەن، — دەپ چۇقان-سۈرەن قىلىشىپتۇ.

كىچىك سەقەنقۇرنىڭ يۈزى قىزىرىپ بېشىنى تۆۋەن ساڭگىلىتىپتۇ. ئەيشىشى:

— كۆپچىلىك! ئەمدى سەقەنقۇر ئۇكىمىزنى خىجىل قىلمايلى. بىز ئەمدى ماڭايلى، بولمىسا ئۇچار بېلىق ئەترىتىگە تېخىمۇ يېتىشەلمەيمىز، — دەپتۇ. ۋاكاكا قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ :

— سەقەنقۇر ئۇكام، ئامان بولۇڭ، — دەپتۇ. بېلىق، راكلارمۇ كىچىك سەقەنقۇر بىلەن بىرمۇبىر خوشلىشىپتۇ.



## سەقەنقۇر



سەقەنقۇر بېلىق تۈرىگە پە-
قەتلا ئوخشىمايدىغان بىر خىل بې-
لىقتۇر. ئۇلارنىڭ تۇرقى ئىنتايىن غەلىتە بولۇپ، ئات يۈزلۈك، پاقىغا ئوخشاي-
دىغان كۆزى، راكقا ئوخشايدىغان بەدىنى، يەنە پىلنىڭ خارتومىغا ئوخشاش قۇيرىقى بار،
ئۇنىڭدىن سىرت ئۇلارنىڭ بېشى بىلەن بەدىنى تىك بولۇش شەكلىدە ئەگمەچ، ئاغزى ئۇچلۇق نەي-
چىسىمان، ئېغىزى ئېچىلمايدۇ، شۇڭا ئۇلار پەقەت سۇدىكى كىچىك جانىۋارلارنى سۈمۈرۈش ئارقىلىقلا
ئوزۇقلىنىدۇ. سەقەنقۇرنىڭ يەنە بەزى ئاجايىپ ئىقتىدارى بار، ئۇلارنىڭ بىر جۈپ كۆزى ئىنتايىن ئۆتكۈر،
بەدىنىنى ئايلاندۇرماي تۇرۇپمۇ ئەتراپىدىكى ئەھۋاللارنى كۆزىتەلەيدۇ. بەزىدە بىر كۆزىنى ئالدىغا قاراتسا، يەنە
بىر كۆزىنى ئارقىغا قارىتالايدۇ، بۇنى قۇرۇقلۇقتىكى پاقا بىلەن خامېلېئونلا قىلالايدۇ. يەنە، ئۇلار ئۈزگەن
ۋاقىتتا تىك ھالەتتە ئۈزىدۇ. ئارام ئالغان ۋاقىتتا ئۇلار قۇيرۇقىنى دېڭىز يوسۇنىغا ياكى باشقا لەيلەپ
چىققاپ جىسىملارغا يۆگىۋالىدۇ. چۈنكى سەقەنقۇرنىڭ باش تەرىپى ئېغىر قۇيرۇق تەرىپى يېنىك بولغا-
لىقتىن، بىرەر جىسىمغا يۆگىلىۋالمىسا ئاسانلا چۆكۈپ كېتىدۇ. ئەڭ غەلىتە يېرى ئۇلار دۇنيادىكى
ئەركىكى ھامىلىدار بولۇپ تۇغىدىغان بىردىنبىر جانلىقتۇر.



## كېيىنكى قىسىم مەزمۇنى

«خالتىلىق قۇشقا ئۇچراپ قېلىش»: ۋاكاكا ئاكا ـ سىڭىل ۋە ئۇلارنىڭ بېلىق، راك دوستلىرى يې-
رىتقۇچ ساقىيقۇشقا ئۇچراپ قالىدۇ. ئۇلارنى بىر توپ ساقىيقۇشلار ئوتتۇرىغا ئورىۋېلىپ، قاچىدىغان جاي تاپالماي قالىدۇ. دەل
مۇشۇ خەتەرلىك پەيتتە، ئەيشىشى بىر ياخشى ئامال تېپىپ چىقىدۇ... بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتىۋالغاندىن كېيىن، ۋاكاكا ئاكا ـ
سىڭىل قايتىدىن ئۇچار بېلىق چوڭ توپىنى ئىزدەش سەپىرىنى باشلايدۇ.





بىلىم ــــ قولىڭىز يېتىدىغانلا جايدا.

بۇ كىتاب سىزگە ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

بۇ كىتاب بالىلارنى ئىلىم ـ پەن قەسرىگە باشلاپ بارىدۇ.






**مەجمۇئە نامى:** دوكتۇر ئانا سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىلەر

**كىتاب نامى:** تارتىنچاق سەقەنقۇر

**تۈزگۈچى:** لى چېڭچېڭ

**تەرجىمە قىلغۇچى:** ئارزىگۈل ئابلىمىت

**مەسئۇل مۇھەررىرى:** نۇرئالىيە ئابدۇكېرىم

**مەسئۇل كوررېكتورى:** مەرھابا تەۋەككۇل

**بەت ياسىغۇچى:** ئۈرۈمچى بىياۋگەنجى كىتاب لايىھەلەش چەكلىك شىركىتى

**نەشرىيات:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى

**زاۋۇت:** شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى

**فورماتى:** 880mm × 1230mm 1/24

**باسما تاۋىقى:** 2

**نەشرى:** 2011 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

**بېسىلىشى:** 2011 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978-7-5469-1357-5

**ئومۇمىي باھاسى:** 58.00 يۈەن (جەمئىي ئون كىتاب)


5.80


ISBN 978-7-5469-1357-5

总定价:58.00元(全十册)